خلقدا غیر شعوری بولسا هه‌م ملی وه وطنی تویغو ، خرافات آرالاش وه تعصب قاتیشقان بولسا هه‌م دینی روح بار ایدی. اوروم‌چی خلقنگ بو ملی تویغو وه دینی روحیغا قارشی کوره‌شنی ضروری تاپیب ، خلقنگ ذهنیت وه عقیده‌سینا قارشی عینیله روسیادا بولغان طرزده مجادله یوروتدی. شرقی تورکستاندا هه‌م «گ. پ. او»غا اوخشاش بر مؤسسه قورولدی: «کوك‌ـنه‌ن‌ـجوی»(گویا پولیس أداره‌سی) دیگه‌ن بو مؤسسه باشیغا یاراماس ، قوپال وه مستبد کشیله‌ر کیلتریلدی. بولار خلقنی قورقوتماق ، قاماماق ، أولدورمه‌ك ایله مشغولدورلار.

غازیتا نشری مسئله‌سی شوندای حالغا قویولدی: کاشغارنگ «یه‌نگی حیات»ی ، چوگوچه‌کنگ «بزنگ تاوش»ی ، ایلی (غولجا) نگ «ایلی» سی تورلو اسمله‌ر بیله‌ن چیقماسین ، باریسی بر اسم آستیدا بولسون دیلدی. هه‌ر غازیتا باشیغا بر ختای مسئول محرر اولاراق بیلگیله‌نیب تورکچه غازیتا اونگ أداره‌سی آستیدا چیقماقدا بولغان ختایچا غازیتانگ ترجمه‌سی بولسون دیلدی. «کاشغر شنگجانگ گزیتی» ، «چوگوچه‌ك شنگجانگ گزیتی» و. س. دیلسین دیب عینیله روسیانگ غربی‌تورکستان وه باشقا تورك وه غیرروس أولکه‌له‌رده تعقیب ایتدیکی اصول شرقی تورکستاندا هه‌م اجرا ایتله باشلادی. خام اشیانی روسیاغا یتکیزه تورغان انحصار أداره‌سی قورولدی. خلاصه تجارت ، خوجالق وه زراعت ساحه‌لارندا دا رذالتله‌ر ایشله‌ندی. بو ساحه‌لارنگ هه‌ر بری أوستنده آیری‌ـآیری سویله‌مه‌کچی بولساق ، بحثمز اوزانیب کیته‌چه‌کدر.

شرقی تورکستانداغی وقفلار خیلی مکمل کیلیر منبعیدر. عشر ، ذکاتلار آنچا بایلیقدر. اوروم‌چی بعضی منفعتپرست ملالارنی اغفال ایتب ،



بو دینی وارداتنگ مجراسینی آوز خزینه‌سیغا توغرولاتیب یوباریب ، اغفال ایتلگه‌نله‌رنی ده بو دینی وارداتدان محروم ایتب قویدی. ایمدی اولار نادم بولماقدالار ، نه فائده ؟..

(دوامی بار) مجدالدین احمد.

*

## «اوروش خبری» مجموعه‌سیغا جواب

جهادیمز دین أوچون وطن أوچوندر. آمالیمز ، افکاریمز اقبال وطن در ؛
سرحدیمزه قلعه بزم خاك بدن در.

خانقاودا «تورکستانلی یورتداشلار اویوشماسی» اسمنده‌ن نشر قیلنغان مجموعه‌نی اوقوب مقصد وه مراملاریدان خبردار بولدوق. اوچ‌ـتورت نفر یورتداشمزنگ قانداغ وضعیتده قالغانلارینی اوبدان آگلادیق. مجموعه‌نگ ٤ ـ ٥نچی بیتله‌ریده «خطالاریمزنی کورسه‌تیب ، یتیشمه‌گه‌نله‌رینی هه‌م أوز فکرله‌ریگزنی بیلدیرمه‌ککزنی رجا ایته‌میز» دیگه‌ن رجالاریغا بناً بزله‌ر ، شرقی تورکستانلیق یورتداشلار توبه‌نده حر وه مستقل فکرله‌ریمزنی یازیب بیلدیرمه‌کچیمز.

مجموعه‌نگ تولا مشقت بیله‌ن یوزه‌گه چیققانی وه بو موفقیتله‌رینگ خیلی قیمت بهاغا توختاغانی بیلندی. مجموعه چیقاریب ملتنگ آمالینی ، افکارینی تارقاتیب ، ملتنگ کیله‌جه‌کده‌گی سعادتی اوچون چالیشماق وطنغا خدمت دیب آتالیر ، اوبدان ایشدر ، باعث ترقی‌در. لیکن بو تیله‌ك قولایلیق بیله‌ن قولغا کیلمه‌یتورغان که‌تته بر یوتوقدور. موندا‌غ مجموعه بیتله‌ری أوز ملتمزنگ فائده‌سیغا ، أوز یورتمزنگ مدافعه‌سیغا وه أوز ملتمزنگ ترقیسیغا عائد یازولار ایله بیزه‌نیب ، شخصی منفعتدان اوزاق ، نفسانی غرضدان پاك ، چیت عامله‌ر مداخله‌سیده‌ن خالی بولوب ، شیطانی اویونلارغا آلدانماسلیغی وه قورال بولماسلیغی شرطدر. اونداغ بولماسا بر مجموعه وه یا غازیتا ملتکه نیمه فایده ، وطن اوچون قانداغ یوتوق ؟ ملتنگ فایده‌سیغا دیگه‌ن شعارلار بیله‌ن ملت وه وطننگ ضرریغا نتیجه بیره‌تورغان بر مجموعه‌نی قیلنلیق ایله باستریب مشقت بیرله‌ن تاراتوغا نیمه

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

ضرورت بار؟ أوز ملتيگه خدمت قيلماغان، وه أوز وطنيغا جان سپر بولماغان وه أوز يورتی أوچون قوربان بيرمه‌گه‌ن بر ملتنگ تأريخ صحيفه‌له‌ری قارا، دوستلاری قاشندا مذموم بولوب، دوشمانلاری آلديدا مردود ايكه‌نی عصريمزنگ تجربه‌سی ايله معلوم بولغان وه انكار قيلينمايتورغان بر حقيقتدر. أوزی توغولوب أوسكه‌ن، آب هواسيدان بهره آليب نشوونما تاپقان أوز وطنينگ منافعينی اونوتوب ياخود اونی أوز نفسانی غرضيغا قورال قيلوچيلار آلدانيب وه ياساتيليب غيرلار أوچون چاليشسالار خائن ديب آتالادرلار.

ملتله‌رنی نجاتغا، ظفرغا ايريشتروچی يول ملتچيلك وه عرقچيلق بوليدر. آلمانيانگ يوتوقلارينی، فاشيستلارنگ ظفرينی، توركيه‌نگ موفقيتينی وه بالقاندان صاف تورك مهاجرله‌ری كيلتريشينی، چه‌خو-سلوواقياداغی تارتيشمالارنی وه فلسطين‌ده‌گی مليت دعوالارينی ملتچيلك وه عرقچيلق آقيملاری توغدورمشدور.

«اوروش خبری»نگ ناشرلاری تورك يورتيدان بولغانلاری حالده، او مجموعه‌نگ باشيدان آخريغا قادار هه‌ر يريده ختای ملتيگه ياردم قيليشنی، ختای أوچون جان بيريشنی، ختای توپراغی وه ختای يورتينی مدافعه قيليشنی تشويق ايته‌درله‌ر. آی توغسا دا ختايغا، كون توغسا دا ختايغا توغسون ديب، ختايغا صداقت كورسه‌تيب، ختای أوچون فدا بولوشنی، نهايت بارچا توركستانليلارنگ ختای خلقی مقدراتی أوچون قوربان بولوشينی ترغيب ايته‌درله‌ر. عجبا بزله‌رده‌ن بو تشويقاتغا بيريلوچی تاپيليرمی؟ باشقالار اوچون قوربان بول، غيرلار أوچون فداكار بول، شرقداغی دوشماننگ فايده‌سيغا أوزيگنی تلف ايت... كبی حاستالق حرارتی ايچيده وه يا مجنون بولوب ايسينی يوقاتيب قويغانلقدا سويله‌نگه‌ن سوزله‌رنی توركستانليلارنگ هيچ بری قبول قيلمايدر وه قيلالمايدر.

بز توركستانليلار ياپون - چين اوروشندان فايده‌لانوغا اورونايليق. نيمه اوچون بز ختايغا كومه‌كله‌شه‌يليك؟ قارا تأريخ‌أوچونمو؟ أوزيمزنگ انقراضی أوچونمو؟ قيزيل موسقوا ايله برله‌شيب كيته‌ياتقان چانقای-



شه‌كنگ مسلكی أوچونمو؟ بو سوراقلاريمز اوبدان انصاف ايله محاكمه ايتلسين ايدی. بز توركستانليلار دينی وه ملی دوشمانمز بولغان ختايلارغا ياردم قيلمايمز وه قيلالمايمز.

«اوروش خبری» بز توركستانليلارنی ختای توپراغنداغی ملی مجادله‌گه چاقيرادر. بزنگ ملی حدوددان اوزاقدا بولغان ياپون-چين اوروشی بز أوچون قاندای ملی‌مجادله بولادر؟ استادی موسقوا بولغان ختايلارنگ بوياما سوزله‌ريگه‌اينانوچيلار، موسقوانگ: حريت، مختاريت، آيريم جمهوريت ديگه‌ن بويالغان وعده‌له‌ريگه آلدانغان غربی توركستانلی قارداشلاريمزدان عبرت آلمايدرلارمی؟ بز توركستانليلار موسقوا شاكردلارينگ تعليماتی ايله حركت قيلساق، أوز آياغيمزغا أوزيمز بالتا چاپقان بولمايمزمی؟ بز اوز ملتيمزنگ ملی حاكميت تيله‌گيگه اويغون بولماغان حركتله‌رده‌ن تارتينايليق.

«اوروش خبری»نگ ۱۴نچی صحيفه‌سيده وه باشقا بيتله‌ريده ياپونلارنگ أوز عرقداش وه ديناشلاری بولغان ختايلارنی ايزه باشلاغانليقلاری توغروسيدا سوزله‌ر بار. ياپونلار ايله ختايلارنگ عرقی ياقينلغينی توشونوچيله‌ر شو جهتنی اونوتماسينلار: آسيانگ ياپونلاری ايله ختايلاری آراسنداغی عرقی، مدنی ياقينلق بولسا، آوروپاداغی آلمانلار ايله اينگليزله‌رنگ ياقينلغی قاداردر. فقط تأريخی، سياسی ايجابات بر برله‌ريله ياقينلغی انكار ايتلمه‌يتورغان بو ملتله‌رنی بر برله‌ريگه قارشی مجادله‌گه سوروكله‌ب كيلمشدر. آوروپا اينگلته‌ره‌سی ايله برله‌شيك آمريقا دولتی اهاليسينگ عرقی‌دا، دينی ده، تيلی‌ده بر ايمه‌سمی؟ بونيگله برابر آمريقالی دا، اينگلته‌ره‌لی ده هه‌ر بری أوز مملكتی وه أوز وطنی فايده‌سيغا چاليشادر وه هه‌ر بر مملكت أوز حاكميت نشئه‌سينی آلغا سوره‌در. ختايلار بز توركستان توركله‌رينگ تأريخی دوشمانيدر. اونگچون بز، ياپونلارنگ ختايلارغا قارشی قورال كوته‌ريشيده‌ن وه ياپونلارنگ ملی حدوديمزدان كوب اوزاقلاردا بولغان حاكميت نشئه‌سيدن متأثر بولمايمز.

«اوروش خبری»نگ ٦نچی صحیفەسیدە تورکستان اسلاملاری ایلە برلیکدە بوتون مسلمانلارنگ ختای ملتیگە مظاهرت وە طرفدارلیق کورسەتیشلەری ، مادی یاردەمدە بولماقلاری انسانیت نامیغا التماس قیلنمشدر. ١٧ - ١٨نچی صحیفەلەردە ایسە تورکستانلیلارنگ ختایلارنگ مبارك مجادلە وە محاربەسیگە یاردەم قیلیشلاری قایتا - قایتا تأکید ایتیلیب ، ختایلارنگ ظفرغا ایریشکەچ تورکستانلیلارنگ قورتولوش حرکاتیغا قولیدان کیلگەن کومەکنی آیامایتورغانلیقلاری ایسلەتیلمشدر.

بوکون هەر ملت أوزی أوچون قایغیرادر. حتی ییللاردان بیری دوام ایتب کیلگەن فلسطیندەگی عرب - یهودی مجادلەسیگە مصر ، عراق ، حجاز ، یمن ، سوریە اسلاملارینگ یاردەمی کورولمەگەنی کبی ، سوك چاغلار عربلار ایلە قودالاشقان ایران حکومتی دە فلسطین عربلاریغا یاردەم بیرالماسلغین آچیقراق بیلدیرمشدر. ایمدی دنیانگ کیتیشی شونداغ بولوب تورغاندا بوتون دنیا مسلمانلاریدان امداد کوتوش فایدەسز بر نەرسەدر. ظالم ختایلارنگ اسارتی ، بوزوق أدارەسی آستندا قالیب ، بوکونکی جفانی یاشاب تورغان بز تورکستانلیلار ایسە ختایلارغا یاردەم قیلو بر طرفدا تورسون ، اولارنگ ایمدیگی مجادلەدەن موفقیتلی چیقیشلارینی اصلا ایستەمەیتورغانیمزنی ترددسز سویلەمەکدەمیز.

«اوروش خبری»نگ ٧ - ٨نچی بیتلەریدە بزلەرنی حیران قیلاتورغان ختایلار أوچون کوگللو عسکرلەر تشکیل ایتیش ، هلال احمر جمعیتی قوروش ، مخصوص هیئتلەر توزوب اسلام دولتلەریگە ، پادشاهلاریغا وە رئیس جمهورلاریغا مراجعتلار قیلیب ، ختای ملتی اوچون معاونت سوراماق وە مقدس یرلەردە ختایلار اوچون دعا مراسمی قیلماق کبی بر سورو نەرسەلەر مصلحت کورولمشدر. بو مصلحتلارگزنی دقت بیلەن اوقودوق وە هەر طرفنی یوقلاب سزگە شو جوابنی یازامیز: بزنگ هوسکارلاریمز ، فداکارلاریمز ، مجاهدلەریمز وە بارچامیز یالغز أوز تورکستانمز أوچون جهادغا حاضرمز. بز بوتون فدا-



کارلقنی أوز یورتمز وە خلقمز اوچون صرف ایتوگە تاییار ایکەنلگمزنی بیلدیریب ، بر تورك شاعرینگ:

وطن شوقی ایلە هەر لحظە هەر دم جان سپارانز
بو یولدا قان توکولسون ، جان قیریلسین شاد خندانز

دیگەنینی سویلەب أوتەمیز.

بزنگ هلال احمر جمعیتی أوز مؤسسلەری طرفندان قورولغان أك اولبدان اساس بویونچا ایش کورەدر. أوز یولیدان باشقا یوللارغا ، یاپون - ختای اوروشلاریغا بوکون هیئت یوبارا آلمایدر. اونگ وظیفەسی أوز وطندا یارالانغانلار ایلە مشغول بولماقدر.

بزنگ ملی عسکرلەریمز أوز یورتینی قورویاجاقدر. غایە مونداغ بولغانیدان کیین ختایلارنگ قوشنیلاری ایلە بولاتورغان اتفاق مادەسینگ بزنگ تورکستانغا عائد قسمی أوز أوزیدەن باطل بولادر.

اسلام عالمینگ رئیس جمهورلاریدان ، پادشاهلاریدان مدد سوراش خصوصداغی فکریمز یوقاریداغی سطرلاردان آگلاشیلغان بولسا کیرەك. ایمدی دعا قیلیش مسئلەسیگە کیلەیلیك. مقدس یرلەردە وە باشقا جایلاردا ختایلاردیك دینی ، ملی دوشماننگ غلبەسی اوچون دعا قیلیش بر طرفدا تورسون ، اونی کوگلگە کیلتریش أوزی گناهدر. دنیا مسلمانلاریغا ، آینیقسا اسلاملار قبلەسی مکۀ مکرمەدە یاشاغوچیلار أوچون بونداغ بر ایش اصلا یارامایدر. بز اسلاملارنگ اتفاقسزلغمزدان قیزیل فلاکتکە اوچراغانلغمز أوزی یتمەیدیمی؟ ایمدی ساریغنگ حقیغا دعا قیلیب ایکنچی فلاکتکە یولوقودان ساقلانایلیق. ختاینگ غلبەسی اوچون دعا قیلیش کەتتە بر جنایتدر. یالغز أوز یورتمزنگ ایرکینلگی أوچون دعا قیلیشیرمز. یالغز أوز تورکستانمزنگ مقدراتی أوچون جمعیتلەر قوروشوب ، أوز یاشلاریمزنی أوز ملی مفکورەمز وە أوزیمزنگ ملی قورولوشیمز اوچون یتیشتریشیمز ضرور. بزنگ بوتون فکریمز ، خیالیمز أوز ملتیمزنگ سعادتینی توشونمەك ، بوتون عمریمز بویونچا أوز ملتیمز اوچون قایغیرماقدر. ختاینگ نجاتینی توشونمەك وە اوگا یاردەم ایتمەك

ئەۋلاد گۈرۈپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولیازمىلار ئامبىرى

بزچه خطادر، توغروسی آکسزلق اثریدر.

«اوروش خبری»نگ ١٤نچی صحیفه‌لریده یاپونلارنگ ایچکی ختایدا قیلیب تورغان هجوملری، زورلوقلاری نتیجه‌سیده ختایلارنگ آچ-یالانغاچ پریشان حالده قالغانلیقلاری، ختایلارغا یاردم قیلیشمزا کیره‌کلگی وه یاردم قیلماغان تقدیرده بزلر اوچونده یاپون استیلاسی تهدیدی بارلغی سویله‌نیب وه ختایلار ایکی مینگ ییللیق آتامیز قیلینب کورسه‌تیلیب، شفقتلی آتامیزغا مطیع بولماغمزا ضرورلگی بیلدیریله‌در. بو ایسه ظالم وه مستبد ختاینگ تورکستانداغی بوتون وحشیلیکله‌رینی اونوتوش دیمه‌کدر. بز هیچ برزمان ختاینگ ظلملارینی، خلقمزغا روا کورگه‌ن وحشیلیکله‌رینی اونوتمایمز وه اونوتماسلغمز کیره‌ك. تورکستاندا توکولگه‌ن وه توکولمه‌کده بولغان قانلار تورك قانیدر. بونی أوز کوزله‌ری بیله‌ن کورمه‌گه‌ن وه حیاتی تاشقاریدا بولغان کشیله‌ر، خصوصاً انقلابغا بالذات قاتناشماغان وه یورتداغی حادثه‌له‌رنگ روح وه سببله‌رینی بیلمه‌یتورغان عیسی‌بیك گه اوخشاشلار اونوتسالار دا، بزله‌ر اصلا اونوتمایمز وه اونوتاآلمایمز. اوزون ییللاردان بیری یورتمزدا توکولوب تورغان قاننگ بزنگ یوره‌گیمزگه بیرگه‌ن تأثیری بزنگ قلبمزدان یورتدان اوزاقدا بولساق دا کیتمه‌یه‌جه‌کدر.

خواجه نیاز دوریده مواسا یولی توتولوب، حتی نفوذلو کشیله‌ریمزنگ أولدورولوشله‌ریگه کوز یومولوب تورولدی. بویوك کشیله‌ریمز یولسا وطن أوچون قوربان بولایلیق، یورت آزاد بولسون دیدیله‌ر. شونداغ بولسا هه‌م قیزیل وه ساریغلار برله‌شیب، مواسا قیلغوچیلاریمزنی هه‌م خانه ویران قیلدیلار. مونداغ ظلملارنی اونوتماق ممکنمودور؟ أولگه‌نله‌ر أولدی، بزله‌ر أوز آسایشمزنی توشونه‌یلیك دیب خطالارغا توشمه‌ك دینچه ممنوع، انسانیتچه مذموم‌دور. بز توکولگه‌ن قانلاریمزدان کوکه‌ریب چیققان بالالاریمزنگ ذهنیگه، وجدانیغا ملی قورتولوش مفکوره‌سینی تلقین ایتمه‌ك وه ظالم ختایلارغا نفرت، عداوت حسمز بارلغینی آچیق سویله‌مه‌ك ضرورتی سیزمه‌کده‌میز.



ختایدا ١٩١١نچی ییلدا جمهوریت اصولی قورولغاندان سوڭرادا شرقی تورکستاندا ختای وحشیلگی دوام ایته‌بیرگه‌ندر. «یاڭ-زینگ-شینگ» وه اونگ آرقاسیدان تا بوکونگه‌چه شرقی‌تورکستانداحکمرانلق قیلغان وه مرکزده‌ن بیلگیله‌نگه‌ن مأمورلارنگ بارچاسی ختای ایمه‌سمی؟ شرقی تورکستاننگ بوکونگی فجیع عاقبتگه اوچراشینگ باش مسئوللاری ختایلار وه اولارنگ روسلار بیله باغلانیشلارینی تأمین ایتکه‌ن مأمورلاری ایمه‌سمی؟ بز تورکستانلیلار ختایغا عداوت ساقلایمز وه اوڭا یول کورسه‌تیب بزنگ ایزیلیشیمزگه یاردم ایتیب تورغان روسلارنی دینی-ملی دوشمانمز دیب تانیمز وه بو ایکی دوشماننگ ایشیگه یارایتورغان حرکتله‌رگه قاتناشونی‌أوزیمز أوچون ملی وه دینی گناه دیب بیله‌میز.

یاپونلار حقیداغی فکرله‌ریمزگه ایمدیلیك قطعی بر استقامت بیرو موسمی کیلمه‌گه‌ندر. دوشمان دیب تانیلغان برکشی وه یا دولتنگ یاپونیا وه یاپونلارغا قاراشی قانداغ بولسا بولا بیرسین. بزنگ یاپونلارغا قانداغ قارایتورغانلغمزنی زمان کورسه‌ته‌جه‌کدر.

بولشه‌ویکله‌ر ایش باشیغا کیلگه‌نده‌ن بیری أوزله‌رینگ سرمایه‌دار، بورژوآ دولتله‌رینگ دوشمانی بولغانلیقلارینی، آوروپا دولتله‌رینگ ظالم وه مستبد ایکه‌نلگن سویله‌ب یوروب، وقتی وه موسمی کیلیب قالغاندا ملتله‌ر جمعیتیگه اعضا بولوب، آوروپا دولتله‌رینگ دوستلاری قاتاریغا کیریب، حتی بورژوآ مملکتی دیب تانیلغان فرانسا بیله‌ن برلیك یاساب، اونگله آگلاشیب آلدیلار. بو حادثه نتیجه‌سیده ایتالیا - آلمانیا - یاپونیا برلگی یوزه‌گه چیقیب قالدی. دیمه‌ك هه‌ر نه‌رسه زماننگ کورسه‌تیشی بیله‌ن در. ایش باشقا، سوز باشقادر. سیاستنگ چیتده تورغان کشیله‌ر کورمه‌یتورغان اویونلاری کوب. اونگچون روس وه ختایلاردان ظلم کورگه‌ن وه بو ایکی ملتگه دوشمان بولغان تورکستانلیلار «یاپونجهانگیردر، یاپون ظالمدر» دیگه‌ن سوزله‌رگه زماننگ کورسه‌تیشیگه قاراب معنا وه اهمیت بیرمه‌لیدرله‌ر.

أوز ملی قورتولوشی أوچون کوره‌شیب تورغان تورکستان دنیا

حادثه‌له‌رینی ده دقت بیله‌ن تعقیب ایته‌در. بو کون بولماسا ایرته گه‌تورکستان اوچون ایرکینلیك قویاشی توغاجاقدر. طبیعت قویاشی کبی ایرکینلیك قویاشی‌دا احتمال شرقدان توغار. بز هه‌ر کیچه‌نگ کوندوزی، هه‌ر قارانغولقنگ یاروغلغی بارلغیغا ایناییب، شاعرنگ اشبو بیتله‌ریده‌ن غیرت وه امیدله‌نه‌مز:

فلك هه‌ر تورلو اسبابن جیناسین توپلاسین کیلسین،
دونه‌رسه‌م قحبه‌یم ملت یولوندا بو عزیمتده‌ن.
قضأ هه‌ر فیضینی، هه‌ر لطفینی بر وقت أوچون ساقلار،
فتور ایتمه ساقین، ملتده‌گی ضعف و بطائتده‌ن.

*

کشینگ مقصدیغا یتمه‌گی سعی‌غا باغلیقدر،
تور ایمدی خدمت ایت ملتکه اویغان خواب غفلتده‌ن.

درحقیقه قضأنگ لطف و فیضینی بزله‌ر کورمه‌سه‌ك ده بالالاریمز-نگ کوره‌جه‌گنده شك یوقدور. کوچه‌ت اوتقوزوچیلاردان ییمیشینی ییگوچیله‌ر آزدر. آنگ میوه‌سینی آرقاداغیلار کورور وه کوچه‌تنی قویغانلارغا رحمت اوقوب، اولارنگ زحمتله‌رینی تقدیر ایتب، تأریخ-نگ آق صحیفه‌له‌ریگه کیچیریب، شهید وه غازی‌لار قاتاریغا زینت قیلیب قویادرلار. بز شهید وه غازی‌لاریمزنگ رتبه‌سینی بیله‌میز وه أوزیمز ده شونداغ اولوغ درجه‌گه یتیشمه‌ك أوچون ملی یولیمزدان تایمایمز وه نیتیمزنی بوزمای تورکستانمزنگ ایرکینلگی أوچون جانله کوره‌شه‌میز. سعی و حرکت بزله‌رده‌ن توفیق اللّه‌دان در.

ق. ع. چاغاتای.

مکۀمکرمه ٦نچی رجب ١٣٥٧ هجری (٣١نچی آوغوست ١٩٣٨).

*

# مرکزی ختای حکومتی طرفندان قامالغان تورکستانلیلار

شرقی تورکستانلیلاردان عیسی‌بیك باشلیق برنیچه یورتداش برنیچه ییل ایلگه‌ری ختای مرکزی بولغان نانکینده تورکستان نامندان اویوشما آچیب، تورکستانی بولشه‌ویکله‌رده‌ن ختای آرقالی قورتارامز دیب پروپا-



غاندا قیلیب، بعضی تورکستانلیلارنی آلداب کیلگه‌ن ایدی. اوتکه‌ن ییل چانقای‌-شه‌ك بولشه‌ویکله‌ر ایله برله‌شیب ختایلارنگ بوتونله‌ی قیزیللاشقانی آپ‌-آچیق کورونگه‌چ تشویقات دا جدیله‌شدی. شرقی تورکستاندان بولشه‌ویکله‌رنگ وحشیلیکله‌ریگه چیدی آلمای قاچیب چیققان وه ختای مرکزیگه کیلگه‌نله‌رده‌ن تورفانلیق احمد واحد، عبیداللّه، عبدالولی وه ماباي‌لارنی یاپون طرفداری دیب لانجوده توتوب قامادیلار. عیسی بیك وه تیوه‌ره‌گنده‌گیله‌رنگ پروپاغانداسیغا آلدانیب، ختای مرکزیگه امید باغلاب کیلگه‌نله‌رنی چانقای‌-شه‌ك أوز قولی ایله توتدورغان بولسادا، اولار أوزینی هه‌م ملتداشلارینی آلداغانلقدان اویالو اورنیغا ختاینگ عیبینی وه خطالارینی یاپیب، ینه ده خطالارنی ماقتاب، اولار لهیگه تشویقات یورگوزمه‌کده‌له‌ر. عیسی‌بیك وه تیوه‌ره‌گنده‌گی برنیچه یورتداشنگ ختای فائده‌سیغا یورگوزمه‌کده بولغان پروپاغانداسی رسواچیلیقدان باشقا نتیجه بیرمه‌سه کیره‌ك.

صمیمی احترامله شرقی تورکستان مهاجرله‌ریده‌ن:

شانغای ١٨. ٩. ٣٨      توروم‌تای.

*

# دوقتور مجدالدین احمد بیك

بوتون تورکستان ملتچی وه استقلالچیلاری آراسیدا اسمی حرمتله آتالاتورغان دوقتور مجدالدین بیکنگ اوزون وه زخمتلی یوللار آشاراق نهایت استانبولغا یتیشیب کیلگه‌چ راحتسز لانیب قالیشی خبری قیسقا زمان ایچیده هه‌ر تامانغا یاییلمش تورکستان مهاجرله‌ریگه ایشیتیلیب، اونی یاقین وه اوزاقدان تانیتورغان بوتون مسلکداشلارینی کوب قایغیرتمشدر. «یاش تورکستان» باشقارماسیغا تورکستان حدودلاریغا یاقین وه یورتمزغه قوشنی اولکه‌له‌رده یاشاوچی وطنداشلاریمزدان دوقتور مجدالدین بیکنگ راحتسز لانیب قالغانیدان چوقور متأثر بولغانلیقنی بیلدیروچی وه اونگ صحتی حقندا معلومات بیریلیشینی سوراوچی مکتوبله‌ر کیلمه‌کده‌در.

بزنگ اوقوچیلارغا اسمی شرقی تورکستان انقلابی حقیداغی برنیچه اوزون وه قیمتلی مقالەسیدەن معلوم بولغان امین واحدی افندی، شو ییل آوغوستنگ ۱۵ندە لاهوردان باشقارامیزغا یوللاغان بر مکتوبندە، دوقتور مجدالدین بیکنگ راحتسزلانیب قالغانلغی اوچون اوز تأثراتینی بیلدیرەرکەن، توبەندەگی سطرلارنی یازماقدادر:

«اوزون ییللار تورکیەدە یاشاغان وه استانبول دارالفنوندە اوقوغان سیوگیلی دوقتور مجدالدین بیك تورکلك یولیداغی خدمتینی طلبه چاغلاریدان کورسەتە باشلادی... ۱۹۳۳نچی ییلنگ سەنتابر آیی اورتا۔لاریدا شرقی تورکستان انقلابیغا خدمت کورسەتمەك اوچون تورکیەدەن آیریلغان دوقتور مجدالدین‌بیك ۱۹۳٤نچی ییل باشلاریدا تورکستانغا بارغان ایدی. اونگ تورکستانغا یتب باریشی کاشغارداغی تورك عسکر۔لەرینگ تاراليب، کاشغارنگ دونگەنلەر طرفیدان اشغال ایتلگەن وقتغا تصادف ایتب، دوقتور مجدالدین‌بیك دونگەنلەر قولیغا اسیر توشوب قالادر. اولوغ تأگریمنگ لطف و عنایتی بیلەن مجدالدین بیك او وحشیلەردەن قورتولور. سوگرا دونگەنلەر خوتانغا قاچیب کاشغاردا آلتنجی فرقه اویغور عسکرلەری ایله محمودمحیطی کیلگەندە دوقتور مجدالدین‌بیك محمود محیطی ایله برلەشیب ملی حرکت وه معارف ایشلەریگه کیریشکەن ایدی. خلقمزدا یەگیلك۔ایسکیلك کبی تارتیشمالار بولماسدان ملی‌تویغونگ آرتیشندا اونگ‌دا همت وه تأثیری آز ایمەس‌ایدی. اورومچی حکومتی ملی حرکتنگ یوتوقلاریغا قیزغانیب، قورقوب قاراب دوقتور مجدالدین‌بیکنی‌اورومچیغا چاقیرسا هەم او محمود محیطی‌نگ آرالاشماغی بیلەن‌آیریلیب قالغان‌ایدی. محمود محیطی‌هجرتگه مجبور بولوب هندستانغا چیقیب کیتکەندەن سوڭ مجدالدین‌بیك هەم اوت ایچیدەن پاختا چیققان کبی هندستانغا کیلیب، موندان استانبولغا کیتب‌ایدی.ایندی‌اونگ‌استانبولدا آغریق بولوب قالغانلغین‌ایشتیب قایغیریب اوتورویمز. سیوگیلی قارداشمزغا اولوغ تاگریمدان ساغلیق تیلەیمز. وطن وه ملت اوچون کورسەتمش فداکارلیقلارینی تقدیر ایتەمیز. تورکلك یولیداغی حرکتینگ موفقیتینی



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

اولوغ تاگریمدان سورایمز وه اوزون ییللار ساغ بولوب رهبرلیك ایتیشینی جاندان تیلەیمز.»

سوڭ بیش ییلنی کوب آغیرلق وه سیقنتیلار ایچیدە کیچیریب، اوزون وه زخمتلی یوللار آشاراق قایتادان تورکیەگە کیلگەن دوقتور مجدالدین بیك استانبولغا کیلگەچ آغیریب قالیب، شو ییل ایول آیی باشلاریدان آوغوست سوگلاریغاچا اونداغی غربا۔حاستاخانەسیدە یاتیب، آرالیقدا بر عملیات أوتکەزمشدر. حاستاخانەنی ترك ایتکەندەن سوڭ ایکی هافتالق نقاهت دورینی بروسەدە کیچیرگەن دوقتور مجدالدین احمدبیك سەنتابرنگ ۱۲سندە استانبولغا قایتمشدر.

*

کتابیات:

## ساویت رەژیمیگە قارشی

ساویت روسیادا ۱۵ ییل (۱۹۲۱دەن ۱۹۳٦ غاچا) قیزیل اوردو صفندا مهم اورونلاردا بولوب، نهایت روسیادان آیریلیش مجبوریتندە قالغان بیلگیلی قوموٗنیست — آلمان وولله‌نبەرغ یاقیندا «قیزیل اوردو» («The Red Army») اسمندە انگلیزچه یازدیغی کتابندا ۱۹۳۷نچی ییلی ۱۱نچی ایبوندا مارشال توخاچەفسکی باشدا بولغانی حالدا آتیلیب کیتکەن ۸ ساویت گەنەرالی وه اوندان یاریم ییل سوگرا کیلگەن «۲۱ لەر» محاکمەسی توغروسندا بو وقتغاچا هیچ بیلگیلی بولماغان بعضی مهم معلو۔ماتلار کیترەدر. وولله‌نبەرغنگ یازدیغینا کورە، شخصاً ستالین‌نگ‌أوزیگه هەم دە اونگ یورگوزمەکدە بولغان دولت رەژیمیگە قارشی حرکت («سۆ قصد» پلانی) توزولگەنی حقیقتدر؛ فقط بو پلان، ساویت حکو۔متینگ تاراتقانیدەك، اجنبی دولت یاردەمیگە هیچ باغلی ایمەس ایدی. بالعکس، پلاندا بەسلەنگەن سیاسی اوزگەریلیش چاغی توخاچەفسکی طرفدارلاری بعضی اجنبی دولتلەر، بالخاصه آلمانیا وه یاپونیا، شبهەسز ساویت روسیا باشیغا کیلەتورغان آغیر وضعیتدەن فائدالانیب کیتەرلەرمی ایکەن دیب خوفلانیب، پلاننی ایشکه آشریش وقتینی أوتکەزیب ییباریب، نهایت أوزلەری قولغا توشوب قالغانلار.

وولله‌نبه‌رغ کتابندا بزنگ نظر دقتمزنی آیریچا جلب ایتکه‌ن بر
نقطه‌نی ، مؤلفنگ أوز سوزله‌ریله کتیرمه کده‌میز. وولله‌نبه‌رغ دیدر که:
«قره‌ملگه قارشی سؤقصد پلانی تمامیله تولوق حاضر لانغان ایدی.
قره‌ملنی ضبط ایتیش وه «گه. په. ئو» اوردولارینی قورالسز لاندیریش
وظیفه‌سی — موسقوا پروله‌تار دیویزیونی (فرقه) قوماندانی ، اوقراینا
جمهوریتی مرکز اجرا قومیته‌سی رئیسینگ اوغلی — په‌تروفسکی گه
تاپشریلغان ایدی. کییه‌ف ولایتی عسکرله‌ر قوماندانی یاکیر طرفندان هه‌م
«سؤ قصد»چیلارغا یارده‌م کورسه‌تیله‌جه‌گی محقق وه کییه‌فده‌ن موسقوا
اوستیگه ییباریلاجاق اوردو باشیغا یاکیرنگ ایگ ایشانچلی یاقینلاـ
یازادر. ساویت روسیاداغی وضعیت وه اونی ایضاح اوچون کیره‌کلی
وه سوکولنیکوف «سؤ قصدچیلار» بیله‌ن باغلی ایدیله‌ر. بولاردان باشقا
«مرکز ساویت حکومتینگ اوچده ایکیسی (۲/۳) ، به‌لوروسیا وه اوقراینا
حکومتله‌رینگ آلتیدا بیشی (۵/٦) وه تورکستان حکومتله‌رینگ اون دا
توقوزی (۹/۱۰)نگ سؤ قصد پلانیغا قاتناشی بار ایدی.»

وولله‌نبه‌رغ: «تورکستان حکومتله‌رینگ اوندا توقوزی ساویت
ره‌ژیمیگه قارشی سؤ قصد پلانیغا قاتناشقان ایدی» دیدی. بوقاتناشوچیلارـ
دان موسقوا محکمه‌سیگه تارتیلغان فیض‌الله خواجه بیله‌ن اکمل اکرام
گنه بولدی. باشقالاری قسماً محکمه قراریله ، کوبچلیگی ایسه محاـ
کمه‌سز تورکستاننگ أوزینده أولدورولدیله‌ر.

یللاردان بیری ساویت حکومتیگه صادق خدمتچی بولوب کیلگه‌نله‌رـ
نگ اوندا توقوزی (۹/۱۰)نگ بو ره‌ژیم دوشمانلاری قاتاریغا أوتوب
کیتیشله‌ری ، هه‌ر نه‌رسه‌ده‌ن اول تورکستاندا روسیاغا قارشی دوشمانلق
درجه‌سینی کورسه‌ته‌در.
ج.

*

# موسقوا تهلکه‌سینی کورسه‌توچی آلمانچا بر اثر

ساویت روسیا حقندا آوروپا تیلله‌رنده یازیلغان ، او جمله‌ده‌ن
آلمانچا اثرله‌ر آز ایمه‌سدر. لکن بونلارنگ کوبچیلگی ، تورلوسی تورلو



سبیله‌رله اوقوچیسینی ساویت روسیاداغی حقیقی وضعیت بیله‌ن تانیشترو
یرنده ساویت حکومتینگ سیاسی ، اقتصادی تجربه اویونلارینی ، گیکاتلاـ
رینی ماقتاوغا کیریشیب کیتب اوقوچینی آداشتریب یوردیله‌ر. بو صورتله
کینگ اوقوچی کتله‌سی بیلگیسنده ، تصورنده اولدوقچا کینگ بر بوشلق
یاراندی. آلمان اوقوچیسینگ ساویت روسیا حقنداغی بیلگیسنده بولغان
بو آچیقلقنی کورگه‌ن آلفره‌د روزه‌نبه‌رغ أوز یارده‌مچیله‌رنده‌ن دوقتور
لاییبراندغا بو بوشلقنی تولدوراجاق بر سلسله نشرینی حواله ایتکه‌ن.
مقصدی سیاسی انکشاف بیله‌ن قیزیقوچی اوقوچیلار کتله‌سینی ساویتـ
له‌ر روسیاسنداغی حقیقی وضعیت بیله‌ن تانیشترماق بولغان بو سلسله‌ده‌ن
دوقتور لاییبراندنگ «موسقوانگ آوروپاغا قارشی یوروشی» باشلوقلی
بر اثری چیققان(*).

بولشه‌ویزم انقلابینگ روس خلقی عرقی بنیه‌سنده ، فکریاتندا ،
اجتماعی وه اقتصادی قورولوشندا حاضر تاپدیغی زمین أوستنده انکشاـ
فینی ایضاح صورتیله سوزینه باشلاغان اثر قیسقاغنا بولسا هه‌م بو بولشه‌ـ
ویزم نظریه‌سی وه انقلابینگ تأریخی حاضر لانیشی ایزله‌رینی کورسه‌تیشکه
اوروناد‌ر. بولشه‌ویزم ـ قوممونیزم نظریه‌سینگ یارانیشنداغی یهودیلك
عنصرینی کورسه‌تیشکه حرکت ایتکه‌ن مؤلف بوکونکی ساویت دولتی
قورولوشنداغی یهودیلك رولینی‌ده تورلو جبهه‌له‌رده‌ن ایضاح ایته‌در. ایسیز
که مؤلف بولشه‌ویك روس انقلابی چیقیشینی عرقی باقیمدان تحلیل
ایته‌رکه‌ن بزنگ عرقی‌دا قاتناشتریب یوباروچی بعضی بر تأریخی حقیقتغا
اویدوروالوشی غیر ممکن وه بزنگ هیچده اشتراك ایته آلمایاجاغمز نقطهٔ
نظرلارنی‌دا سرد ایتمه کده‌در.

ساویت حکومتی طرفندان ایلك کونده‌ن آلیب بوکونگه‌چه تعقیب
ایتیلب کیله‌یاتقان «دنیا انقلابی» چیقارو سیاستینی تورلو جهتله‌رده‌ن
کورسه‌تیب کیلگه‌ن مؤلف «قوم اینته‌رن» ، «قوممونیست فرقه‌سی» وه
«ساویت حکومتی» بنیه‌سنده‌کی برلکنی قوتلی دلیلله‌رله اورتاغا قویاـ

(*) Georg Leibbrandt: „Moskaus Aufmarsch gegen Europa“, Zentralverlag der NSDAP. München 1938.

در. او مستملكه وه ياريم مستملكه أولكه‌لەرده بر تورلو، أوزينه قومشو بولغان مملكتلەرده ايكنچى تورلو، دنيانڭ باشقا مملكتلەرنده، بالخاصه بويوك دولتلەر محيطندا اوچنچى تورلو بولوب كورونگەن ساويت سياستينڭ هەر طرفدا عينى «دنيا انقلابى» غايەسينى كوزەتديگينى، بونڭ قيزيل روسيا ايمپەرياليزمى خدمتنده بولغانلغينى تيشقى موغولستان، شرقى توركستان عاقبتى، ختاى وه اسپانيا حادثەلەرى كبى مثاللارله كورسەتەدر... سوزينى ساويت روسيا قولى آستينا توشوب قالغان غير روس اسير ملتلەر مسئلەسينه كيچير گەنده او فيرال انقلابى ايله روسيا اسارتندەن قورتولوب قالغان بو خلقلارنڭ قالايچا قايتادان قيزيل روسيا قولنه توشوب قالديقلارينى، ساويت حكومتينڭ قانداى آلدامچى وعدەلەرله بو خلقلارنى اغفال ايتديگينى، كوب اوزامايچا بو خلقلار آراسندا ساويت عليهدارى حركتى باشلاديغينى وه بو حركتلەرنڭ كينگەيب قوميسارلارغا بارغونچا بوتونيسينى قاپلاب آلغانلغينى، ساويت يازادر. ساويت روسياداغى واضعيت وه اونى ايضاح اوچون كيره‌كلى

ساويت روسياداغى وضعيت وه اونى ايضاح اوچون كيره‌كلى مسئلەلەرگه حصر ايتيلمەكچى بولغان بر سلسلەنڭ مقدمەسى اولاراق نشر ايتيلگەن بو اثر تا ايسكيدەن بيرى خلقلار قاماقخانەسى ديب آتالب كيلگەن روسيانڭ «ملى بر دولت بولماغانليغينى»، اونڭ اوچون ده بو يېرده «ملتلەر مسئلەسينڭ مهم بر پروبلەم بولغانليغينى» سويلەمەكله ساويت روسياداغى حقيقى وضعيتنى آچب كورسەتە بيلوچى ايڭ مهم مسئلەنى اورتاغا قويماقدادر.

بزچه بو كونگەچه كوپنچه ياڭليش آڭلاشيلب كيلەياتقان روسيا — ساويت روسياداغى وضعيتنى توغرو آڭلاب، اونڭ حاستاليغينى توغرو تشخيص ايتەبيلمەك اوچون ايڭ كيره‌كلى مسئلەسى شو ملتلەر مسئلەسى بولغانى كبى، توغرو شكلنده آوروپادا ايڭ آز ايشلەنگەن مسئله ده شودر. اونگچون ده ساويت روسياداغى وضعيتنى توغرو شكلنده كور-سەتيشكه اورونماقچى بولغان بو سلسله ده مەنه شو ساويت روسيا



ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

اسارتنده‌كى خلقلارنڭ وضعيتى وه حركاتى أوز اهميتى بيلەن متناسب كينگ اورون آلووينى تيلەب أميد ايتمەك هيچده اورونسز بولماساكيرەك.

تاشبالتا.

## بين‌الملل تورموشدان

١ — چەخو-سلوواقيا مسئلەسى. برنيچه آيدان بيرلى بوتون آوروپا سياسى هواسينى قارا بولوتديك باسيب، نهايت اوتكەن سنتابر آيينڭ ٢نچى يارميسيندا آوروپانى سوغوش اوچرومى كنارىغا آليب كيترگەن چەخو-سلوواقيا مسئلەسى، سەنتابرنڭ ٢٩ - ٣٠ نچى تونيندا مونخين شهرينده توپلانغان انگلتەره، فرانسا، آلمانيا وه ايتاليا حكومت باشلوقلارى طرفندان متفقاً بيريلگەن قرارله حل ايتلدى. قرار بويونچا آلمان اهاليسى ياشايتورغان سودەت اولكەسى آلمانياغا قوشولاجاق بولدى. لەهلەر ياشايتورغان تەشين أولكەسيله ماجارلار ياشايتورغان أولكه توغروسندا چەخو-سلوواقيا حكومتى لهستان وه ماجارستان حكومتلەريله آڭلاشا-جاق بولدى. اگرده ياقين اوچ آي ايچنده چەخو-سلوواقيا، لهستان وه ماجارستان حكومتلەريله صلح يوليله آڭلاشا آلماسا، يوقاريدا آتالغان تورت بويوك حكومت باشلوقلارى قايتادان توپلانيب بو مسئلەلەر حقندا دا حكم بيرەجەك بولديلار.

فقط لهستان حكومتى مونخين اتفاقينڭ تعيين ايتديگى مدتگه قاراب تورماسدان، ٣٠ سەنتابرده تەشين أولكەسينڭ هيچ توقتاماسدان أوزيگه تاپشريلشينى طلب ايتب چەخو-سلوواقياغا اولتيماتوم يوللادى؛ چەخو-سلوواقيا بو اولتيماتومنى قبول ايتدى وه ٢نچى اوقتوبرده لهستان اوردوسى تەشين أولكەسيگه كيره باشلادى.

لهستان آرقاسندان ماجارستان حكومتى هەم عينى مضموندا اولتيما-توم بيردى. اوشبو مقاله يازيليب تورغان چاغدا يعنى (١٠/١٠ده) چەخو-سلوواقيا بيلەن ماجارستان حكومتلەرى چەخو-سلوواقيانڭ ماجارستانغا أوتكوزولەجەك أولكه حدودينى تعيينلەش أوچون مذاكره يورگوزمه‌كده-

درله‌ر وه بو مذاکره‌نگ ماجارلارنی قناعتلاندیرارلق نتیجه‌له‌ر بیله‌ن آیاقلانیشیغا هیچ شبهه ایتب بولمایدی...

نهایت سلوواقلار بیله‌ن قارپات اوقراینالیلاری سنه‌له‌رده‌ن بیری طلب ایتب، پراغا حکومتیگه قبول ایتدیره‌آلماسدان کیلگه‌ن آیریم سیاسی مختاریت أداره‌له‌رینی تأسیس ایتکه‌نله‌رینی اعلان ایتمه‌کده‌درله‌ر.

بونیگله وه‌رسای معاهده‌سینگ آوروپا یوره‌گینده هه‌ر ملتنگ أوز مقدراتینی أوزی تعیین ایته‌بیلیش حقی قاعده‌سیگه قارشی یاراتیب قویغان ترتیبی یوقالغان بولدی. ایسکی چه‌خو-سلوواقیا دولتی حقسز اولاراق ایگه‌له‌ب کیلگه‌ن آلمان، له وه ماجار ملی اولکه‌له‌ریندە‌ن آیریلدی، چه‌خ، سلوواق وه قارپات اوقراینالیلاردان بیرله‌شمیش فه‌ده‌راتیف جمهوریتگه آیلانریلدی.

چه‌خو-سلوواقیا بویوك جهان سوغوشندان سوڭ یاراتیلمیش دولتله‌ر آراسندا ایگ ساغلام دیب تانیلیب کیلگه‌ن ایدی. اونگ یاراتیچیسی دیب تانیلغان وه برنچی رئیس جمهوری بولوب سایلانغان متوفی پروفه‌سور ماساریق ایله بوکشینگ ایگ یاقین یارده‌مچیسی هه‌م طلبه‌سی وه اونگ اورنیغا رئیس جمهور بولوب سایلانغان ئه‌دوآرد به‌نه‌ش آوروپا ده‌موقراسیسی دوشونچه‌سینگ ایگ بویوك وه پارلاق سیمالاری اولاراق تانیلیرلار ایدی. آوروپالیلار، بالخاصه آوروپا ده‌موقراتلاری أوچون بو بویله ده بولابیلیر، فقط بیز — تورك وه اسلام اولاراق — بو فکرگه قوشولالماس ایدیك. ۱۹۱۸نچی یلی «عموم ده‌موقراتیك صلح وه آوروپانگ یه‌گی خریطه‌سی» باشلیقلی بوتون دنیاغا معلوم بیر مقاله‌سنده پروفه‌سور ماساریق، تورکله‌رنگ آوروپادان بوتونله‌ی چقاریلیشینی طلب ایته‌رەك، بر اسلام دولتینگ خریستیان خلقلاری أوستونده‌ن حاکمیت یورگوزوشیگه اورون بیریلمه‌سلیگینی یه‌گی ده‌موقراتیك آوروپا أوچون قطعی قانون مقامنده آلغا سورگه‌ن ایدی، چونکه، پروفه‌سور ماساریق چا، «گویا اسلام مدنیتی خریستیان مدنیتنده‌ن توبه‌ن»در! (۱).

(۱) پروفه‌سور ماساریق‌نگ بو مقاله‌سی وقتیله [۱۹۱۸نچی ییل سه‌نتابر آییندا] اوفا



«اهل صلیب» دوره‌سیگه توغرو کیله‌تورغان بو «ده‌موقراتیك» طلبنی آوروپا — «وه‌رسای معاهده‌سی» آوروپاسی — ایشکه آشیریشغا اوروnوب کوردی، فقط نتیجه چیقمادی. بوکون عینی جنس نظریه‌ده‌ن باشقا بر توسلوسی ماساریق ایله به‌نه‌ش‌نگ قوردیغی چه‌خو-سلوواقیا دولتی باشیغا کیلیب اورولماقدادر. حقیقتاًده آلمان، له وه ماجار ملتله‌رینگ چه‌خلارغا نسبتاً آرتیغراق مدنیتلی ایکه‌نله‌ریگه شبهه ایتلیرمی؟ بویله ایکه‌ن مدنیتچه أوزله‌ریده‌ن یوکسه‌ك ملتله‌ر أوستونده‌ن حاکمیت یورگوزواشگه چه‌خلارنگ حقی بارمی ایدی؛ وه بو حقسزلققا نهایت بیریلگه‌نی اوچون چه‌خو-سلوواقیا حکومتی ناراضیلق بیلدیریشکه أوزینی حقلی دیب تانیتا بیلیرمی؟

۲— مونخین آگلاشماسندان سوڭ. مونخین آگلاشماسینگ اهمیتی یالغز چه‌خو-سلوواقیادا اقلیتله‌ر (آزچیلیقلار) مسئله‌سینی حل ایتیشده گنه ایمه‌سدر. چه‌خو-سلوواقیا بوکونگه‌چه آلمانیانگ اورتا وه جنوب شرقی آوروپاغا قارای سیاسی نفوذ وه اقتصادی تأثیرینی اوتکوزمه‌سلك أوچون توسقون بولوب، عینی زماندا آوروپا ایشله‌ریگه ساویت روسیا تأثیرینی اوزاتیش اوچون کوپروك کیبی ایکی تورلو رول اویناب کیلدی. شو رولنی یاخشیلاب بجه‌ره بیلیش أوچون چه‌خو-سلوواقیا بر طرفدان فرانسا، ایکنچی طرفدان ساویت روسیا بیله‌ن حربی اتفاق یاساغان ایدی. چه‌خو-سلوواقیا توپراغی، بالخاصه بوکون آلمانیا قولیغا أوتوب کیتمه‌کده بولغان تاغلی وه هه‌ر تورلو معدنغا بای أولکه‌له‌ر ساویت سوغوش اوچقوچلاری اوچون «اس‌الحرکه»، یعنی اولار أوچون بیلگیله‌نگه‌ن محل سانالار ایدیلار. مونخین آگلاشماسندان سوڭ چه‌خو-سلوواقیانگ بو روللاری قولاتیلغان بولدی. ایندی او — نه آلمانیا یولیغا توسقون —، نه‌ده ساویت روسیا اوچون کوپروك بولابیله‌در.

شهرینده چیقاتورغان بر روس سوتسیالیست غازیتاسندا، أداره طرفندان پروته‌ستو ایتیله‌رەك باسیلیب چیققان ایدی. عینی مقاله حقندا، ۱۹۱۹نچی ییل تیفلیس‌ده چیقاریلیب تورغان «نا روبه‌ژه» آتلی مجموعه‌دا مصطفی چوقای اوعلی بر مقاله یازمیشدی.

ئەۋلاد گۈرۈپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

فرانسا وه ساویت روسیا بیله‌ن یاسالغان حربی معاهده‌له‌ر سوغا توشکه‌ن بولدی، بو معاهده‌له‌ر لغو ایتیله‌جه‌ك. بوندان داها «آرتیغی» شودر:—آلمانیا وه لهستان فائداسیغا صنایع جهتنده‌ن أیگ بای وه مهم أولکه‌له‌رینده‌ن آیریلغان چه‌خو-سلوواقیا بوندان سوگرا اقتصادی وضعیتینی آلمانیاغا قارای تعیین ایتیش مجبوریتنده قالاجاق، ایسکیده‌گی «توسوق» بولوش اورنیغا آلمانیانگ اورتا، جنوب وه شرقی آوروپاغا قارای آتاجاق سیاسی آدیملاری أوچون کوپروك بولاجاقدر!

مونخین آگلاشماسی آوروپا سیاستنده یه‌گی ترتیبله‌ر حاضرلاش أوچون یول آچقانده‌ك کورونوب تورو‌بدور. مهم آوروپا غازیتالارینگ یازیشلاریغا کوره، لهستان حکومتی لهستانله ماجارستانگ همحدود بولوشینی طلب ایته‌رمیش؛ بو ایسه چه‌خو-سلوواقیانگ قارپات (اوقراینا) أولکه‌سینگ ماجارستانغا قوشولوشیله‌گنه به‌جه‌ریله تورغان نه‌رسه‌در.

لهستان حکومتینگ طلبندان ایکی تورلو معنا چیقاریب بولادر: بریسی—لهستان، اونیگله همحدود ماجارستان وه رومانیا بیرله‌شیب ساویت روسیانی آوروپادان بوتونله‌ی آیریب تورا تورغان «دیوار» یاساو؛ ایکنچیسی—آلمانیانگ اورتا، جنوب وه شرقی آوروپا یولیندا «جبهه» قورو بولاجاقدر.

مونخین آگلاشماسی آوروپا باشیغا کیلیب قالغان سوغوش قورقوسینی تارقاتیب، سیاسی هوانی تازارتماقله، بر طرفدان انگلته‌ره فرانسا وه ایکنچی طرفدان آلمانیا-ایتالیا بولوب یاراشیب، آگلاشیب ایش یورگوزوش ممکنلیگینی کورسه‌تدی وه بوگا یول آچیب بیردی. سوك ایکی سنه بویی غیر طبیعی بر وضعیت آلمیش فرانسا - ایتالیا مناسبتی توزه‌له باشلادی. فرانسا، ایتالیاغا وه ایتالیا فرانساغا بویوك ایلچیله‌ن تعیین ایته‌تورغان بولدی. دیمه‌ك فرانسا ایتالیا ایمپه‌ریئومینی (حبشستاننگ ایتالیا طرفدان ضبط ایتلگه‌نینی) رسماً تانیاجاق. آلمانیا بیله‌ن فرانسا مناسبتینگ توزالیب کیتیشی احتمالی بارلغیدا آگلاشیلادی.



١

چه‌خو-سلوواقیا رولینگ که‌مه‌ییشیله کیچیك آتاتا برلگینگ ده رولی که‌مه‌یب، بونگ مقابلنده ساویت روسیانگ غربی آوروپاغا قارای یولنداغی ایگ مهم «توسقون» لهستاننگ رولی یوکسه‌لمه‌کده‌در. بیزچه یوقاریدا اسمله‌ری آتالغان تورت آوروپا بویوك دولتیگه لهستان قوتی قوشولماغونچا عموم آوروپا سیاسی وضعیتینگ یاقین بر زمان ایچنده توزالیب کیتیشیگه امید باغلاب بولمایدی.

مونخین آگلاشماسی نتیجه‌سنده «ییگیب» وه «ییگیلیب» چیققانلار کیم بولدی؟ ییگیب چیققانلار —«هه‌ر ملتنگ أوز ملی مقدراتینی أوزی بیلگیله‌ش حقی» طرفدارلاری ایله آوروپادا صلحنی ساقلاب قالیش طرفدارلاری بولدی.

ییگیلگه‌نله‌ر ایسه — ماتاه‌ر حقیغا قارشیلق ایتوچیله‌ر ایله سوغوش طرفدارلاری بولدی. بو ییگیلگه‌نله‌ر باشندا شبهه‌سز ساویت حکومتی تورادر.

بو ییرده آیریچا قید ایتیب اوتوش لازم کیلگه‌ن بیر نقطه شودرکه چه‌خو-سلوواقیا مسئله‌سینی حل ایتیش چاغی چه‌خو-سلوواقیانگ متفقی موسقوا حکومتینی مونخینگه دعوت ایتیش دیگه‌ن فکر هیچ کیمنگ ده باشیغا وه خاطریغا کیلمه‌گه‌ن! موندان داها بدتری او درکه، مونخین آگلاشماسی حقندا بیاناتدا بولغان چه‌خو-سلوواقیا مینیسترله‌رینده‌ن بریسی چه‌خو-سلوواقیا حکومتینگ ساویت روسیادان نیمه اوچون یاردم ایسته‌مه‌دیگینی ایضاح ایته‌ره‌ك:

—اگر بیز، فرانسا وه انگلته‌ره‌نگ مونخینده آلدیقلاری وضعیتنی بیله توروب، ساویت روسیا یارده‌مینی قبول ایتسه‌یدیك، بوتون آوروپا، او جمله‌ده‌ن دوستلاریمز (انگلته‌ره وه فرانسا!) بیزنی آوروپاغا بولشه‌ویزم کیترمه‌کچی بولدی دیب عیبله‌یه‌ره‌ك، بیرله‌شیب بیزگه قارشی بر جبهه بولوب سوغوش یورگوزه‌جه‌کله‌ر ایدی.»— دیمیشدر.

ساویت روسیانگ آوروپاداغی «اهمیت» وه رولینی بوندان داها آرتیق، داها یاخشی تصویرلاب بولورمو؟

——م.——

# مراكش (*)

II

بوتون زراعتچی مملکتلەردە بولغانی کبی مراكش دولت حیاتندا دا شهر ایمەس، قیشلاق مهمدر. شهرلەر سوداگر دیگەن آزچیلق قاتلامی طرفندان قورولمش، سلطانلار دا اوز اسملەرینی تأریخدە قالدیرماق اوچون سالدیرغان یوکسەك منارەلی جامع وە زینتلی سرایلاریلە شهرنی بیزەگەنلەر. تجارلار دا آندا أوز مغازەلەرینی سالغانلار. هەر ایکیسی دە أوز ثروت - بایلقلارینی فقیرلار وە دهقان خلق قیزغانچلغندان قورو اوچون بویوك قورغانلار وە یوکسەك قلەلەر سالیشقا اوروندیلار. بوتونیسینی ایسە کویلو باقدی وە بوگا مقابل اوگا یالغز قاعدلەر حکمرانلغی غنا بیریلدی. او عصرلاردان بیری أوز تورموشینی أوز قیشلاغی محصولی ایلەن أدارە ایتب کیلەدر. او سادەگنە بولغان کیمینی أوز قویی وە تویەسی یونندان توقوب کیلدی؛ آماچینی، ایگەرینی أوزی یوندی، قول تیکیرمەنینی أوزی یاسادی. قویاش حرارتیلە قاوجراتیلب تورغان یرینی أوزی سوغاردی. آریقلارینی تاش، قومدان تازالاو وە اونگ ساحللارینا خرما آغاچلاری اوتورتوب محکملەو، آباد ایتو ایشلەرینی بوتونیسینی قیشلاق خلقی اوزی ایشلەدی. بدوی وە تواریغ باسقینچیلارنگ هجومندەن اوزی قورودی. بونلارنگ بوتونیسی أوستینە سلطانلار سرایلارینی تزیین وە قارا غواردیالارنی ساقلاو اوچون سالیق تولەدی.

بو مملکتدەکی قوراقلق یوزندەن ایکینگ یاخشی أونوم بیرووی هەر اوچ-تورت ییلدا بر دفعەغنا کیلەدر. تیز-تیز قیتلق، آچلق تهلکەسی کیچیریلەدر. مولچلق وە نورمال أونوم زمانندا تینچ وە ایشچەن دهقانلار دا بوندای آچلق دورەسینە کیرگەندەن سوڭ باسقینچی دستەلەری توزوغا توتونادرلار. حتی فرصت کیلگەندە اون میڭلەرچە کشی توپلاغان دستەلەر سلطانلار سراینە دە هجوم ایتکەندر. آوروپا تعبیرندە بونلار بوتونیسی «آنارشی» دیب آتالادر. حقیقتدە ایسە بو اهالی کوبچیلگینی

(*) باشی «یاش تورکستان»نگ ١٠٤ـ١٠٥نچی ساننداەر.



تشکیل ایتکەن آچ قیشلاقینگ، موللق، توقلق ایچندە یاشاغان شهر آزچیلیغینا قارشی عصرلاردان بیری یوروتوب کیلەیاتقان کورەشیدر.

أدارە فرانسزلار قولینا کیچو بیلەن مەنە شو آوروپالیلارچا «آنارشی» دیب آتالغان نەرسە بیتریلگەن بولدی. کورەش شهر آزچیلیغی فائدەسیغا توگەمەگلە آوروپالیلار طرفندان «مملکتنی تینچالتو» دیب آتالغان وضعیت یاراتیلغان بولدی. خصوصی ملك وە ثروت بوکون ایسکیسندەن کوب کوچلو بر شکلدە مدافعە ایتیلەدر. قرآن کریم عمدەلەریلە مملکت خلقی اوچون یات «مدنی قانون» آراسینی اولاشترماق تجربەسی یاسالادر.. قوللق مسئلەسی توگەتیلگەن. قیشلاق ویرگولەری اولدوقچا منتظم کیلیب تورادر. عزت نفسلەری بیلەن کوپرەك حسابلاشیلغان بایلار وە شریفلەر وضعیتدەن داها زیادە ممنون کورونە آلادرلار. دولت وە ادارە طرفندان اونلارنگ امتیازلارینی تحدید وە منفعتلارینی متضرر ایتەجەك مداخلەلەر آز کورونەدر. لکن قیشلاق ایسە ایسکی تورموش وضعیتندە دوام ایتەدر. هیچ بر تورلو یاردەمگە مظهر بولماغان قیشلاقی ینە دە أوزینگ اویدە توقولغان احرامنە بورونغان، آیاق یالان حالندا یاشاب بارادر...

دنیا سوغوشی سوگندا، ١٩٢٠نچی سنەلەری مارشال لیئوتە والیلگی زماندا باشلانغان بویوك مقیاسداغی شهر اعماری چاغندا هەر طرفدان یرسز بولوب قالغان کویلولەر، زایتونلقلارینی یوقالتب قویغان آتلاس تاغی یاماچی أهالیسی سورولەرلە ایش قیدیریب شهرلەرگە آقدی. بحران باشلانغاندان سوڭ فرانسادان کیلگەن مهاجرلەر قولنە کیچیریب یوبارماقلە یرندەن آیریلیب قالغان بوکشیلەر اوچون ایمدی ایش دە تاپیلمای قالدی. بو صورتلە یالغز قیشلاقنیغنا ایمەس، شهر أهالیسینگ پرولەتار قسمینی تشکیل ایتمەکدە بولغان کیچەگی دهقانلارنیدا شدتلی بر قایغی وە ناراضیلق حسی قاپلاب آلدی. بو ناراضیلق کیگەیب فرانسوز مکتبلەرندەن یاش مراكش منورلەرینە دە یاییلدی.

بو یاش مراكش منورلەری —«یالغز دهقانلارغاغنا آغیر ایمەس،

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

بزلەرگە دە آغيردر. ديپلوم چونتەگيمدە فقط قيلاتورغان ايشم يوق. فرانسوز ليسەسيني بيترگەن هەر بر مراكشلى ٥٠٠ فرانق آيلق بيلەن بولسا دا، پوستا خط تاشوچيسى بولوبدا خدمت ايتوگە حاضر. لكن بوش اورون يوق» ديدر.

بوتون ناراضيلقلارنگ نيگيزى مەنە شو اقتصادى آغيرلقلاردر. فقط بوندان باشقا دا يەگى كشيلەر طرفدان أدارە ايتيلمەكدە بولغان صرف سياسى مفكورە حركتى دە أوسوب باراتدر.

بويوك دنيا سوغوشندان سوك بولوب اوتكەن سانسز أوزگەريشلەردەن آوروپاليلارچا سيزيلمەى قالغان بر نەرسە، پان-اسلاميزم، يعنى «اتحاد اسلام» ديب آتاليب يورگەن نەرسەنگ سياسى جريان اولاراق بوتونلەى بوزولوب كيتكەنلگيدر. توركيە وە مصر، بالخاصە توركيە ملى انقلاب حركتلەرى چوقور تأثير ايتمەسدەن قالمادى. بوكونكى يەگى مراكش ملى حركتى دە ايسكيدە محلى علما طرفدان ادارە ايتيلگەن شهر آزچيلغينگدا كيچيك بر قسمينى ايچنە آلابيلگەن حركتلەرگە هيچ اوخشامايدر...

يەگى حركتنگ اساس مقصدى مراكش خلقينگ برلگيدر. او بو برلك غايەسينى فرانسوزلار طرفدان يوروتولمەكدە بولغان مراكش خلقينى عربلار، بەربەرلەر ديب آيرو تجربەسينە قارشى قويماقدادر. حركت تولا ملى استقلال شعارينى ميدانغا آتمايدر. او بو جهتدەن «حمايە معاهدەسينە» («پروتەكتورات»غا) صادق قالادر. او يالغز بو معاهدەنگ حقيلە، توغرو تطبيق ايتيليشينى وە مراكش يرلى أدارەلەرينگ معاهدەدە كورولديكى كبى مستقل بولوب قالولارينى طلب ايتەدر. اوتكەن يل سوگينا قادار چيقب تورغان، سوگرادان فرانسز ادارەسى طرفدان منع ايتيلگەن «خلق حركتى» نام فرانسزچا غازيتا حركتنگ ناشرافكارى ايدى. مراكش ملى حركتى باشلوغى وە غازيتانگ باش محررى محمدحسن اوزانى «مراكش مراكشليلەرگدر» باشليقلى مقالەدە حركت پروغرامينى كورسەتيب أوتدى.. مقالەنگ باشليغى أوزى



حركت باشچيسى طرفدان تمثيل ايتيلگەن نقطۀنظرنى سويلەب بيرمە كدەدر.

مارشال ليئوتە حمايەنى «قونترول ديب بيلگيلەدى. بو ايسە فرانسا حكومتينگ طلب ايتديكى وە ايشكە آشيرديغى مملكتنى توغرودان توغرو أدارە ايتوى بولماسدان، مملكتنگ ايچكى قورولوشيغا توقونماياجاقدى» ديگەن محمدحسن فرانسزلارنگ مراكشنگ ايچكى قوروولوشيغا توتوقونماسلق حقنداغى وظيفەلەرينى أوتەمەديكلەرينى آلغا سورەدر.

«حمايە معاهدەسى» اساسينا صادق قالغان مراكش ملى حركتى بالخاصە فرانسادا «خلق جبهەسى» حكومتى ايش باشينا كيلگەندەن سوك (١٩٣٦نچى يلى اورتالارندا) كوب انكشاف ايتدى. فقط ١٩٣٧نچى يلى كوزندە ينە شو «خلق جبهەسى» حكومتى طرفدان قطعى قارشيلق كوردى. ١٩٣٧نچى يلى نويابرندا مراكش ملتچيلەرينگ ايكى غازيتاسى قاپاتيلدى. محمدحسن اوزانى أوزى قاماليب قالو تهلكەسى قارشيسندا ياشيرينماق مجبوريتندە قالدى. محمدحسن نگ «مراكش خلق حركتى» آتلى فرقە تشكيلاتى رسماً تارقاتيلغان. بو رسماً تارقاتيلغان بولووينا رغماً، او مملكتنگ تورلو كوشەلەرندە تورلو شكلدە أوز بارليغينى كورسەتمەكدەدر.

بالخاصە فاس دارالفنونى طلبەسى شدتلى فعاليت كورسەتمەكدەدر. لكن بو دا ايمديلك بر تجربە اورونوشندان غنا عبارتدر.

كيليملى.

# توركستان خبرلەرى

## يەگى قادرولار

چيمكەنت قورغاشين اعمالاتخانەسى (زاوودى)نگ تاغ - معدن تەخنيكومينى بويل بتيريب چيقاتورغان ٧٠ ستودەنت ديپلوم يوموشلارينى تاپشيريب، دولت امتحانينا باشلامشلاردر. ايمديلك ١٤ ستودەنتنگ ديپلوم يوموشى سيناودان اوتكەزيليب، امتحانغا كيرگەنلەردەن بعضيلارى «اعلا» ايلە چيقميشلاردر («سوتسياليستيك قازاغستان» ٣٨ .٦ .٢١).

آلما-آتا شهرنده‌گی قازاق په‌داغوژی اینستیتوتینگ ادبیات شعبه‌سینی بو ییل بتیریب چیقاتورغان ۱۸ ستوده‌نت ایونگ ۹ندا سیناودان اوتکه‌زیلمش وه بولاردان جلیله جولای، رخیله قویباقار، بیکقوچ، داوولبای، نورعلی ایله تاغین ایکی ستوده‌نت «أوته یاخشی» (اعلا) درجه ایله چیقمیشلاردر («سوتسیالیستیك قازاغستان» ۳۸ .۶ .۱٤).

سمرقندده‌گی علاقه مکتبینی یاقیندا ٦۰ کشی بتیرمشدر. بولارنگ ۲۰سی پوستا-ته‌لغرافچیلق، ۱٤ی رادیستلك، ۱٦ کشی مورزیستلك وه ۱۰ کشی ماتیورلك هنرینی ایگه‌لله‌مشدر. علاقه مکتبینی بتیرگه‌ن بو یاش قادرولار ایشله‌ش اوچون رایونلارغا جوناب کیتمشله‌ر («ق.أوزبیکستان» ۱۲.٦.۳۸).

اورتا آسیا صنایع اینستیتوتینی بو ییل ۱۱٦ کشی بتیریب مهندس بولوب چیقمشدر. بولار ئه‌لیکتریك، ییر - سو وه کان مهندسله‌ریدرله‌ر. بتیریب چیقوچیلارنگ ۸ی فرقه‌لی وه ٤۹ی قومسومول ایمش («قیزیل أوزبیکستان» ۲۱.٦.۳۸).

بو ییل اورتا آسیا دولت دارالفنونینگ ماته‌ماتیك، فیزیك، بیئولوژی وه کیمیا بولومله‌رینی ۱۳۷ کشی بتیره‌جه‌کمش. بولاردان ٦٥ ستوده‌نت دولت امتحانینی بیرمشدر. قانچاسینگ تورکستانلی ایکه‌نلگی سویله‌نمه‌یدر. أوزبیکستان دولت اونیوه‌رسیته‌سینی ایسه ٥٤ کشی بتیرمشدر. بولارنگ یارمیسیدان کوبره‌گی تورکستانلی ایمش («قیزیل أوزبیکستان» ۱٦.۷.۳۸).

سمرقندده‌گی قیشلاق خوجالیق اینستیتوتینی بو ییل ٥٥ کشی بتیریب، بولار آغرونوم، مال دوقتوری وه زوئوته‌خنیك‌درله‌ر. ینه شو شهرده‌گی خلق خوجالیق اینستیتوتینی ۱۱۳ کشی بتیرمشدر. بولار عالی معلوماتلی اقتصادچی، پلانچی، استاتیستیکچی وه بوخالته‌رله‌ر ایمشله‌ر. ینه شونداغی معلمله‌ر اینستیتوتی اورتا مکتبله‌رده، ته‌خنیکومله‌رده درس بیره‌تورغان ۱۰٤ فیزیك، تأریخ، تیل - ادبیات وه طبیعیات اوقوتوچیسی چیقارمشدر («قیزیل أوزبیکستان» ۳۸ .۷ .۲۹).

ینه شو تاشکند غازیتاسینگ ٥.۸.۳۸ تأریخلی سانندا بیلدیریلدیگینه کوره، چیرچیق‌داغی سه‌ودا باشقارماسی یاقیندا ایکی غروپ سه‌ودا



خادمله‌ری وه آوقاتلانیش خادمله‌ری اوقوتوب چیقارمشدر. اوقوشنی بتیریب چیققان ٥٤ کشینگ باریسی خاتونلار بولوب، بولارنگ کیمله‌رده‌ن وه قانچاسینگ تورکستانلی ایکه‌نلگی حقندا معلومات بیریلمه‌یدر.

## زیانچیلار

چیقیش قازاغستانداغی سامار آودانندا رحیم اوغلی، قوجاخان اوغلی، قوسای اوغلی، مه‌که‌ی اوغلی نام کشیله‌رنگ قولخوزغا ضرر کتیرگه‌نلگی،ماللارنی آزایتقانلیقلاری سامار آودانی پروکوروری طرفدان آنیقلانیب مسئولیتکه تارتیلمشلاردر.

قاراتال آوداننداغی پروکورورنگ تیکشیروی نتیجه‌سنده شو آودانغا قاراشلی ماقاچ آوول شوراسی باشلوغی نصیب‌بای اوغلی‌نگ «خلق یاولاری» ایله باغلانیشی بولغانلغی آنیقلانمش وه اونگچون اورنندان توشورولوب مسئولیتکه تارتیلمشدر. («سوتسیالیستیك قازاغستان» ٦.٦.۳۸).

أوکتوستیگ (جنوبی) قازاغستانداغی «قاراتاو» قولخوزی باشلوغی مارالبای اوغلی‌نگ قولخوزغا اقتصادی ضررلار بیرگه‌نلگی آنیقلانیب مسئولیتکه تارتیلمشدر.

قاپلانبیك آوولنداغی تیله‌وخان اوغلی قولخوز تعلیماتینا مغایر حرکات قیلغانلق، قولخوزچیلار آراسیدا دینچیلك تشویقاتی یوروتکه‌نلك وه ایسکی عادتله‌ر تاراتقانلق بیله‌ن عیبله‌نیب جوابگرلککه تارتیلمشدر. (سوتسیالیستیك قازاغستان» ۳۸ .٦ .۱۱).

آقتوبه شهرنده‌گی ٦نچی اورتا مکتبنگ دیره‌کتوری ایسه‌نبای‌اوغلی «خلق یاولاری» ایله باغلانیش یاساغانلق وه اوقوش ایشله‌رنده زیانچیلق قیلغانلق بیله‌ن عیبله‌نیب مسئولیتکه تارتیلمشدر.

«قوشچی» قولخوزی فه‌رماسنداغی رحمت اوغلی، آتاجان اوغلی لارنگ اقتصادی زیانچیلق یاساغانلغی تورکستان آودانی پروکوروزی آرقالی آنیقلانیب، بولار دا مسئولیتکه تارتیلمشلاردر («س. قازاغستان» ۳۸ .٦ .۱٥).

آیاگوز آودانی «أورکه‌نده‌و» قولخوزینگ بورونغو باشلوغی مصر

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

علی اوغلی شاکرنگ «خلق یاولاری» ایله باغلانیش یاساغانلغی وه قولخوزغا اقتصادی ضربه بیرگه‌نلگی پروکورور طرفندان آنیقلانیب مسئو-لیتکه تارتیلمشدر («س. قازاغستان» ۳۸. ٦. ۱۸).

بالیقچی رایونی سرای قیشلاقداغی کارل مارکس قولخوزی‌رئیسی پالوان اوغلی عبداللەنگ باسماچی بولغانلغی وه قولخوزغا اقتصادی ضررلار بیریب کیلگه‌نلگی آنیقلانیب، اوچ یل قاماقا حکم ایتلمشدر.

قارادریا رایونیداغی قولخوز ایشله‌رینگ بوزولوشندا بویوك رول اویناغانلغی آنیقلانغان عمرزاق اوغلی ساویت محکمه‌سی طرفندان ۱۰ یللق قاماقا حکم ایتلمشدر. قارادریا رایونی اجرا قومیته‌سی کاتبی عبدالمنان اوغلی ایله موسی اوغلی‌لاری قاماقا آلینمشلاردر («ق. أوز.» ۱۱.٦.۳۸).

اورگه‌نچ رایونی قومسومول قومیته‌سینگ ایکنچی کاتبی یونس‌اوغلی عبداللەنگ سوڭ زمانلار «خلق دوشمانلاری» قاتاریغا أوتکه‌زیلیب یو-باریلغان بوروغو قومسومول قومیته‌سی کاتبی رحیم اوغلی وه سید اوغلی لاری ایله یاقیندان علاقه قیلغانلغی آنیقلانیب، اورنندان توشورولمش وه محکمه‌گه تارتیلمشدر («قیزیل أوزبیکستان» ۲۱.٦.۳۸).

## شرقی تورکستان اهالیسیگه حربی تعلیم بیریلمه‌کچی

«پراودا» غازیتاسینگ ۱۰.۱۰.۳۸ تأریخلی ساندا خاقاودان آلیب باسقان بر خبرینه کوره، شرقی تورکستان اهالیسیگه حربی تعلیم بیرمه‌ك قرارغا آلینمشدر. موسقوا غازیتاسندا یازیلدیغینا کوره، شرقی تورکستان-نگ هەر طرفندان توپلانغان ٦٦٩ نماینده‌نگ شو یل اوقتوبرنگ ۱—٦سیغاچا یاسالغان بر توپلانیشندا مرکزی ختای حکومتیگه یاپونلارغا قارشی یاردەم بیریش قراری چیقاریلمشدر.

شرقی تورکستاندا یاپونیاغا قارشی حرکت یورگوزوب یاتقان شبهه-سز روس بولشه‌ویك حکومتیدر. کیم بیلیر، بلکه‌ده بر آز وقتدان بیری اوزاق شرقدان «یوقالیب کیتکه‌ن» ساویت مارشالی بلوخەر بوکونلەرده شرقی توورکستاندا یرلی خلقدان عسکرلەر حاضرلاتیب یاتقاندر.

---

Verantwortlich für Verlag und Redaktion: Dr. Tahir Schakir, Berlin-Wilmersdorf
***Buchdruckerei „VIKTORIA“ GmbH., Charlottenburg 1, Spreestraße 8***
مسئول مدیری دوقتور طاهر شاکر.

## تورکستان چیگه‌ره‌سنده

«قیزیل أوزبیکستان»نگ ۳۸. ۳. ۲۱ تأریخلی ساننداء روسچا «ساویتسکایا قیرغیزیا» غازیتاسندان آلیب باسیلغان بر خبرده، چیگه‌ره ساقچیلاری باشلیغی قیزیل عسکر حصام‌الدین اوغلی‌نگ قوشنی دولتدەن ساویت توپراغینا قاچیب أوتکه‌ن برکیشینی اوشلاغانلغی وه بوکیشینگ‌چیت دولتله‌رده‌ن برینگ جاسوسی ایکه‌نلگی یازیلماقدادر.

آرادان اوچ کون أوتکه‌نده‌ن کیین حصام‌الدین اوغلی یه‌نه قورو-قچیلقدا چیقان وقتیدا ته‌لغراف سمیده شبهه‌لی بر نه‌رسه کوروب، ته‌لغراف سمینی اوزولوشدان ساقلاب، قویاروچیلیقنگ آلدینی آلمش وه زیانچینی اوشلاغان ایمش. آرادان یه‌نه اوچ کون أوتکه‌نده‌ن کیین حصام‌الدین اوغلی چیگه‌ره قاچقینلارینگ شریگی بولغان بر «یول کور-سه‌توچی»نی اوشلامشدر. قیرغیزستان ایچکی ایشله‌ر قومیساری میرآلای لوتسمانوف حصام‌الدین اوغلینی قیمتلی؛ هه‌رسه‌له‌ر بیله‌ن مکافاتلامشدر.

## تورکستاندا قوزغالان

مجموعه‌میز باسیلماقدا ایکه‌ن به‌رلینده چیقاتورغان معروف «فولکیشه‌ر-به‌اوباخته‌ر» غازیتاسینگ ۳۸ .۱۰. ۱۵ تأریخلی ساندا «تورکستاندا عصیان» باشیلقلی بر خبر اوقودوق. بو خبرده تورکستاننگ آفغانستانغا یاقین یرنده، بیهبودی اطرافدا ساویت حکومتیگه قارشی قانلی قوزغالان کوته‌ریلدیگی وه قوزغالانچیلارنگ بیهبودی یاقینداغی سوق‌الجیش باقیمندان مهم بولغان یرله‌رنی اشغال ایتدیکله‌ری بیلدیریلمه‌کده‌در. قوز-غالانچیلارنگ یعنی باسماچیلارنگ اوقچاچارلار ایله قورالاندیقلارینی وه ساویت ساقچی قوتینگ بوخارا ایله بیهبودی آراسنداغی‌تیمیریول خطیغا چیکیلدیگینی بیلدیره یاتقان بو خبرده، قوزغالانچیلارنگ تورکستان خلقیغا قاراتیب بر خطبنامه نشر ایتدیگی ده بیلدیریلمه‌کده‌در.

*

## توزاتیش

۱) «یاش تورکستان»نگ ۱۰٦ نچی سانی، ٤ نچی بیت، ٥ ـ ٦ نچی قاتار-لارداغی —... باشقالارنگ «لعنتله‌ر»نده‌ن عبارتدر— سوزله‌ری —... باشقالارغا «لعنتله‌ر»ده‌ن عبارتدر— دیب توزاتیلیب اوقولسون.

۲) «یاش تورکستان»نگ ۱۰٦ نچی سانی، ۳٤ وه ۳٥ بیتله‌رنده ذکر ایتلگه‌ن آذر-بایجان صنعت استاذینگ اسمی «عزیزبیك حاجی بیكلی» ایمه‌س، توغروسی «عزیر بیك حاجی بیكلی»در.

# Yach Turkestan

Octobre 1938 (Le Jeune Turkestan) No. 107

Revue mensuelle

**Organe de la lutte nationale pour l'indépendance du Turkestan**

Rédacteur en Chef: **Mustafa Tchokai-Oghly**

یولیمزغا توغرو کیلگەن بوتون یازولار اوچون مجموعەمزنڭ بیتلەری
آچیقدر. باسیلماغان یازولار قایتاریلماس.

## آبونه شرطلاری:

ییللیغی 120 فرانسز فرانقی، آلتی آیلیغی 65 فرانق، اوچ آیلیغی 35 فرانق.

---

**باشقارمادان:** ۱ — سریناگار (کاشمیر ـ هندستان)دان «اوروش خبریگه جواب» باشیلغی وه «کونتوغدی» امضاسیله مقاله یوللاغان یورتداشیمزغا؛ بو حقدا مجموعەمیزنڭ شو سانندادا تورکستانلیلارنڭ اساس فکرینی کورسەتوچی مقاله بار. فرصت کیلگەندە طبیعی سیزنڭ یازودان دا فائدالانیرمیز.

۲ — دیوبند (هندستان)ده محمدامین اسلام بیکگه؛ اوردو تیلندەن ترجمه قیلیب یوللادیغڭز مقاله اوتکەن آینڭ اورتالارندا آلینمشدر. تنویراتڭز اوچون رحمت. اوردو تیلندەگی نشریاتدا مملکتمزگه عائد یازولار اوچراتساڭز، لطفاً ترجمه ایتەرەك یوللاب توریڭ. امکان تاپساق باسار وه یا باشقا تورلو استفاده ایتەرمیز.

۳ — مکەمکرمەده حبیب‌الله افندیگه؛ یوللادیغڭز رسملەر ایله مکتوب وقتندا ایریشدی. تفصیلاتڭز اوچون تشکرلەر ایتەمز.

٤ — طائف (حجاز)ده مختارخان افندیگه، برنچی آوغوست ۱۹۳۸ تاریخلی مکتوبڭز وه اونڭله برگه یوللانغان غازیتا وقتندا ایریشدی علاقەڭزنی تقدیر ایتیب، موندان سوڭرا دا باشقارمامیزغا شو استقامتده یاردەملەشیب توروشڭزنی اوتونەمیز.

٥ — شو ییل ۲۳ نچی آوغوستدا دیوبندده یازیلیب، آستیغا ۲۷ یورتداش طرفندان امضا آتیلغان مر اجتنامه ایریشدی.

---

مجموعەمزغا تیپشلی هەر تورلو یوللانمالار اوچون آدرەس: —

**Mustafa Tchokai-Oghly**

7, Square de la Fontaine

**Nogent s. Marne** (Seine)

**France**